# 117651 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەلۇم بىر كۈننى تاللاپ بۇ كۈننى مەۋلۇت كۈنى دەپ ئاتىسا بولامدۇ؟.

## سۇئال

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئەسلى يوق بىدئەت ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ، لېكىن كۆپچىلىك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش يۈزىسىدىن ئەمەس بەلكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەت، ئىش-ئىزلىرىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ، بۇ پائالىيەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە ئۆتكۈزۈشمۇ ھارام بولامدۇ؟، تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ھەممە پائالىيەتلەر چەكلىنەمدۇ؟، مەسىلەن: تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش دېگەن سۆزنى قوللانماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇشمۇ چەكلىنەمدۇ؟، بۇ سورۇنغا ھازىر بولغانلارغا تاماق تارقىتىش ھاراممۇ؟. بۇ سوئالنى سورۇشۇمدا، كېلەر شەنبە ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ياشنىڭ توي مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت بېرىلىدۇ، كەچلىك تاماقتىن كيىن بۇ يەرگە توپلاشقان كىشىلەرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، گەرچە بۇ كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ بۇ كۈننى "مەۋلۇت" دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ پائالىيەت توي-تۆكۈندە ئوينىلىدىغان ناخشا-ئۇسۇلنىڭ ئورنىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر بۇ سورۇندا كۆپ دىنى مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتىنى تارقىتىش نىيىتى بىلەن، كىشىلەرنى مەسچىتكە زىياپەتكە چاقىرىپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىدىن جامائەتنى خەۋەردار قىلىشىمۇ چەكلىنەمدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھغا خاستۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ، پەيغەمبەرلەر ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن ھېچ بىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. بەلكى بۇ يەھۇدىي-ناسارالار ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىدىكى دىنسىزلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بولۇپ، دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىيىتىنى خۇنۇكلاشتۇرۇلىشى نىشانلانغاندۇر.

تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت، مەلۇم بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش بولۇپ، خۇددى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12-كۈننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى دەپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-ئىزلىرى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى كىشىلەرگە

تونۇشتۇرۇش، ھەر قانداق ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئەمەلدۇر. بۇ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش دەپ ئاتالمايدۇ.

شۇنىڭدەك توي مۇراسىملىرىدا، دىنى تەشۋىقاتلارنى ئىلىپ بېرىشمۇ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش دەپ ئاتالمايدۇ، لېكىن بەزى مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا، ناخشا-ئۇسۇل ۋە ئەر-ئاياللار ئارىلاش ئولتۇرمايدىغان، توي-تۆكۈن ۋە سۈننەت مەرىكىسى قاتارلىق مۇراسىملارنى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ( مەۋلۇت) دەپ ئاتاش كەڭ تارقالغان بولۇپ، ۋەز-نەسىھەتچىلەر ۋە قارىلار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇرئان ئوقۇپ ۋەز نەسىھەت قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا بولسىمۇ، بۇ كۈننى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش دەپ ئاتاشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. بۇ سىز سورىغان ئىشلارغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كۈن پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەمەس.

توي ۋە باشقا مۇراسىملاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىنى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ۋەز نەسىھەت قىلىش، بىدئەت بولغان تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا كىرمەيدۇ. مەلۇم بىر كۈننى پەزىلەتكە خاس قىلىۋالماستىن باشقا ئادەتتىكى كۈنلەردە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى، بارات ئېيىنىڭ تۈنەك كېچىسىنى، ئىسرا-مېراج كۈنلىرىدىن باشقا) كىشىلەرنى مەسچىتكە توپلاپ زىياپەت بېرىپ، ۋەز نەسىھەت قىلىپ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، بىدئەت بولغان مەۋلۇت (تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش) پائالىيىتى ھېسابلانمايدۇ، ھەمدە كىشىلەرگىمۇ بىدئەت بولغان مەۋلۇت(تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش) پائالىيىتىنى يوللۇق ئىكەن دەيدىغان چۈشەنچە بەرمەيدۇ.

ئاللاھ ھەممەيلەننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا، ياخشى ئەمەل قىلىشقا ۋە سۈننەتنى قوغداپ، بىدئەتكە قارشى تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن.